# شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 9 - ئاي
24
سەيشەنبە
维吾尔文 9月24日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65-0002/-W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24828 - سان بۈگۈن 4 بەت


ئىككىنچى قېتىملىق «جۇڭگو دېھقانلار مول ھوسۇل بايرىمى» يېتىپ كېلىش پەيتىدە

## شى جىنپىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ دېھقانلار ۋە «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» بىرىنچى سېپىدە خىزمەت قىلىۋاتقان يولداشلاردىن سەممىي ھال سورىدى

### مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزا قانىلىدا رەسمىي كۆرسىتىش باشلانغانلىقىنى تەبرىكلىدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسى 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كۈزلۈك كۈن - تۈن تەڭلەشكەن كۈندە، دۆلىتىمىز ئىككىنچى قېتىملىق «جۇڭگو دېھقانلار مول ھوسۇل بايرىمى» نى كۈتۈۋالدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزا قانىلى ئارقىلىق،
(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭ «ئۇلۇغ مۇساپە شانلىق مۇۋەپپەقىيەت —— جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ تىپتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسى»نى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بوشاشماي قەيسەرانە ئىلگىرىلەش كېرەك

### لى كېچياڭ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى



9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىقلار بېيجىڭ كۆرگەزمىخانىسىدا «ئۇلۇغ مۇساپە شانلىق مۇۋەپپەقىيەت —— جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ تىپتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسى»نى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پەيتىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى بېيجىڭ كۆرگەزمىخانىسىغا بېرىپ، «ئۇلۇغ مۇساپە شانلىق مۇۋەپپەقىيەت —— جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ تىپتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسى»نى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، پارتىيەمىز ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، قىيىنچىلىق، خەۋپ - خەتەر، توسالغۇلارنى بىر - بىرلەپ يېڭىپ، تارىخ سەھىپىسىدە نۇر چېچىپ تۇرىدىغان دۇنياۋى مۆجىزىلەرنى ئارقا - ئارقىدىن ياراتتى، جۇڭخۇا مىللىتى ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۈتۈۋالدى. 70 يىلدىن بۇيان دۆلىتىمىز قولغا كەلتۈرگەن تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر، يۈز بەرگەن تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭلا جۇڭگوغا رەھبەرلىك قىلالايدىغانلىقى، پەقەت سوتسىيالىزمنىڭلا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدىغانلىقى، پەقەت ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭلا جۇڭگونى راۋاجلاندۇرالايدىغانلىقى، سوتسىيالىزمنى راۋاجلاندۇرالايدىغانلىقى، ماركسىزمنى راۋاجلاندۇرالايدىغانلىقى، پەقەت جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنىڭلا جۇڭگونى گۈللەندۈرۈش، بېيىش، قۇدرەت تېپىشقا يېتەكلىيەلەيدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. 70 يىلدىن كېيىن قايتا ئاتلىنىپ، بۈگۈنكى كۈندە قايتىدىن ھالقىشقا قەدەم باستۇق. يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام - تاشقىنلىق تەرەققىيات مۇساپىسى، يەر - جاھاننى لەرزىگە سالغان شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ئىنتايىن قىممەتلىك تەجرىبە ئىلھامىنى ياخشى نامايان قىلىپ، ياخشى تەشۋىق قىلىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي قەيسەرانە ئىلگىرىلەش كېرەك.
(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭ دۆلىتىمىز ماھىرلىرىنىڭ دۇنيا ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدە ئەلا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىگە قارىتا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى

## تېخىمۇ مۇكەممەللىككە ئىنتىلىدىغان ھۈنەرۋەن روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كەڭ ياشلارنى ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلاردىن بولۇشقا، ماھارەت ئارقىلىق ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش يولىدا مېڭىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك

### لى كېچياڭ تەستىقىي يوليورۇق بەردى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا دۆلىتىمىز ماھارەت كۆرسىتىش ماھىرلىرىنىڭ 45 - نۆۋەتلىك دۇنيا ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدە ئەلا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىگە قارىتا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، دۆلىتىمىزدىن مۇسابىقىگە قاتناشقان ماھىرلار ۋە ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلارنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسى بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى مۇھىم. تېخنىك ئىشچىلار قوشۇنى جۇڭگو ياسىمىچىلىقى، جۇڭگو ئىجادىيىتىگە تىرەك بولىدىغان مۇھىم ئاساس بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم رول ئىگە. ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، ئىشلىتىش، باھالاش، رىغبەتلەندۈرۈش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تېخنىك ئىشچىلار مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كەسپىي ماھارەت تەربىيەسىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ، زور تۈركۈمدىكى يۇقىرى ساپالىق ئەمگەكچىلەر ۋە تېخنىكا - ماھارەت ئىختىساسلىقلىرىنى تېزدىن يېتىشتۈرۈش كېرەك.
(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## شى جىنپىڭ ئىراق زۇڭلىسى ئابدۇل — مەھدى بىلەن كۆرۈشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر جېڭ مىڭدا) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى خەلق سارىيىدا ئىراق زۇڭلىسى ئابدۇل — مەھدى بىلەن كۆرۈشتى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن ئىراقنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى چوڭقۇر. بۇلتۇر ئىككى تەرەپ ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى ئورتاق تەبرىكلىدى. بۇ يىل يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى. يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا، جۇڭگو تەرەپ ئىراق تەرەپ بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو - ئىراق ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.
(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## يولداش يې شۆەنپىڭنىڭ جەستى گۇاڭجوۋدا كۆيدۈرۈلدى

### يولداش يې شۆەنپىڭنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقان مەزگىلدە ۋە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن، جياڭ زېمىن، خۇ جىنتاۋ قاتارلىق يولداشلار دوختۇرخانىغا بېرىپ يوقلىدى ياكى تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق يولداش يې شۆەنپىڭنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈردى ھەم ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن سەممىي ھال سورىدى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ۋاڭ ياڭ قاتارلىقلار گۇاڭجوۋ شەھەرلىك دەپنىخانىغا بېرىپ ئۇزىتىپ قويىدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، گۇاڭجوۋ، 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى، ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتكەن سادىق كوممۇنىزم جەڭچىسى، پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش سېپىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن رەھبەر، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 7 - نۆۋەتلىك، 8 - نۆۋەتلىك، 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش يې شۆەنپىڭنىڭ جەستى 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى گۇاڭدۇڭ گۇاڭجوۋ شەھەرلىك دەپنىخانىدا كۆيدۈرۈلدى.
(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## خېبېي ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى

### چېن چۈەنگو، ۋاڭ دۇڭفېڭ، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن پائالىيەتلەرگە قاتناشتى

مۇخبىرىمىز ياۋ تۇڭ خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە، خېبېي ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ دۇڭفېڭ خېبېي ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەننىڭ جېڭۋېيسى سۈن جىنلۇڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى پېڭشىن ئالاقىدار پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

شىنجاڭدىكى مەزگىلدە، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ كورلا شەھىرى، باغراش ناھىيەسى، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيەسى ۋە بىڭتۇەن 2 - شىسىنىڭ باشئەگىم شەھىرىگە كېلىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تۈرلىرىنى تەكشۈردى، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنى زىيارەت قىلدى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى.

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، خېبېي ئۆلكىسى . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى كورلىدا ئېچىلدى.
(ئاخىرى 3 - بەتتە)

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

## تىيانشاننىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى تۈزۈلۈپ چىقىلدى چوڭ قەدەمدە مەردانە قىياپەت نامايان بولدى

### —— شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغان 70 يىلدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات توغرىسىدا ئۇنىۋېرسال بايان

□ مۇخبىرىمىز ليۇ شياڭ

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىپ، خەلقنىڭ قوينىغا قايتىپ كەلدى. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا قاراپ يېڭى قەدەم تاشلىدى.

تىيانشاننىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى تۈزۈلۈپ چىقىلدى. 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قوللىشىدا، شىنجاڭ ۋەتەن بىلەن بىرلىكتە قەيسەرانە ئىلگىرىلەپ، بىللە ئۆسۈپ يېتىلىپ،
(ئاخىرى 4 - بەتتە)